ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

# سىياسەتلەرنى زىچ چىقىرىش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى

**ئىستون سۆزى**

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىممىنىڭ مۇھىمى. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا يازغان جاۋاب خېتىدە مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ھەقىقىي تۈردە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى يېڭىپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشىنى قىزغىن قوللىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە باشتىن - ئاخىر يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى، بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كەسكىن ۋەزىيەتتە ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، پائال تۈردە ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سۇپا ھازىرلاپ، يول ئېچىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئاسان ئورۇنلىشىش، ياخشى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ خىرىسقا پائال يۈزلىنىپ، كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ ئىشقا ئورۇنلىشىش پەسلىدىكى چېنىقىشتا كەلگۈسىگە ئىنتىلىشى كېرەك. بۈگۈندىن باشلاپ گېزىتىمىز «ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرەيلى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ياخشى تەدبىرى، ياخشى ئۇسۇللىرىنى خەۋەر قىلىدۇ، دىققەت قىلغايسىزلەر.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز
لى چۈنشيا

«مەن ئۈچ ئايلىق تەربىيەنى تاماملاپ، رەسمىي ئىش ئورنىغا چىقتىم، ھازىر ئايلىق مائاشىم 4000 يۈەندىن ئاشىدۇ» دېدى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەيچۈئېر گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ خادىمى، شىخەنزە داشۆسىنى پۈتتۈرگەن خې شۆتىڭ خۇشال ھالدا.

ھازىر خې شۆتىڭغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۆلەش سىياسىتىدىن نەپ ئېلىپ، خىزمەت تېپىپ، كەسىپلىك ھاياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يۆلەش سىياسەتلىرىنى زىچ چىقىرىپ، يول ئېچىپ، سۇپا ھازىرلاپ، ئىش ئورنىنى كۆپەيتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چىقىش يولى بولۇشىغا ياردەم بەردى.

### قاتتىق تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى

7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ھۆكۈمەت تور بېكىتىدە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئاشكارا خىزمەتچى خادىم تەكلىپ قىلىدىغان 2 - تۈركۈمدىكى 6338 ئىش ئورنىنى ئېلان قىلدى. «بۇ يىل، كېلەر يىلى ئىككى يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك كەسپىي ئورۇنلاردىكى بوش قالغان ئىش ئورنى 80%تىن تۆۋەن بولماسلىق نىسبىتى بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس تەكلىپ قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى كەسپىي ئورۇنلار كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ما يۈشىڭ.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردىن سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىمكانقەدەر بارلىق چارىلەرنى ئويلاپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي يېڭىشنى، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇشىنى ساقلىشىنى تەلەپ قىلدى.

بىر قاتار سىياسەتلەر زىچ چىقىرىلدى، «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 2020 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى باشقۇرۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى چارە» «2020 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھەسى» قاتارلىق سىياسەتلەردە مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىل ئاخىردا ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ 88%تىن كۆپرەككە يېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىر قاتار قاتتىق تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىرلەر جانلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى: كارخانىلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلسا، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە بىر قېتىملىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلىش ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ؛ ئاساسىي قاتلامدىكى ناھىيە، يېزىلاردىكى ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست ھەم تۆتىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى جاپالىق، چەت، يىراق رايونلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار نوپۇسقا ئالدۇرۇش، ئوقۇش ياردەم قەرز پۇلىنى ۋاكالىتەن تۆلەش، مۇددەتتىن بۇرۇن رەسمىيلەشتۈرۈپ دەرىجىسىنى بېكىتىش، مائاشىنى يۇقىرى بېكىتىش قاتارلىق سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەنلەر ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 مىڭ يۈەن ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشقان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي كۆتۈنۈش، ئاساسىي داۋالىنىش، ئىشسىزلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ تولۇق سوممىلىق ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئىش ئورنىنى كۆپەيتىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىشى ئۈچۈن تەمىنلىدى: ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە 85 مىڭ 600 ئىش ئورنىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ جەملىدى، 2020 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي ئورۇنلار 17 مىڭ ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىشنى پىلانلىدى، 2020 - يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەسلىلەرگە 24 مىڭ ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلدى، «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش» بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 2000نى قوبۇل قىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 100دىن ئارتۇق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا 5000دىن ئارتۇق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى...

«مەن ‹ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش› ئىش ئورنىغا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، بۇ جەھەتتىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى ناھايىتى ياخشى، يەنە تۇرمۇش خىراجىتى ياردەم تولۇقلىمىسى، ماكانلىشىش خىراجىتى ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە مۇلازىمەت مۇددىتى توشۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بار.» تارىم داشۆسىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن دىلشات ئەنۋەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ئۆگەنگەن كەسپىي بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ يۇرتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ قوشۇشنى قارار قىلغان.

### ئىشقا ئورۇنلىشىشقا مۇلازىمەت قىلىش ئۈزۈلۈپ قالمىدى، بوش قالمىدى

«مەن توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنىدا قىسقىچە تەرجىمىھالىمنى يوللىدىم، توردا يۈز تۇرا ئىمتىھان بېرىش ئارقىلىق، ئىشقا ئورۇنلىشىش كېلىشىمنى ئوڭۇشلۇق ئىمزالىدىم» دېدى ئىلى سىفەن داشۆسى ئوقۇش پۈتتۈرۈش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى چېن يۈ مۇخبىرغا.

«بۇلۇت تەكلىپ قىلىش» بۇ يىللىق تەكلىپ قىلىشنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى مۇلازىمەت شەكلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، توردا خىزمەت ئىزدەش، تەكلىپ قىلىش مۇلازىمىتىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، «2020 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار تور بۇلۇت تەكلىپ قىلىش» سۇپىسىنى مەخسۇس قۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرىنىڭ تەكلىپ قىلىش تور بېكىتى ئۇچۇرى، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۇچۇرى، تۈرلۈك ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرىنى يىغىپ توپلاپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئىزدىشىگە قولايلىق يارىتىپ بەردى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە 10 مىليون ئىش ئورنىغا توردا تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك مەخسۇس ھەرىكىتىنى ئۆتكۈزدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھەرىكەتتە جەمئىي 464 مەيدان قېتىم تۈرلۈك توردا تەكلىپ قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 136 مىڭ ئىش ئورنى تەمىنلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا تەمىنلەنگەن ئىش ئورنى 46 مىڭغا يېقىن بولۇپ، 30 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى بۇ تۈرلۈك توردا تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشقان.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى كارخانىلارغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەش ۋە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى، مائارىپ نازارىتى بىرلىكتە 2020 - يىللىق شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار توردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش 100 كۈنلۈك پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، تور، نەق مەيدان، مەكتەپكە كىرىش قاتارلىق تور دىكى، تور سىرتىدىكى تۈرلۈك تەكلىپ قىلىش شەكىللىرى ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 2020 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 3000 ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە پراكتىكا قىلىشقا قاتناشتۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلاردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار پراكتىكا قىلىشقا ماس كېلىدىغان ئىش ئورنىدىن 6636نى جەملەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاللىشى ئۈچۈن تەمىنلىدى، پراكتىكا قىلغان مەزگىلدە تۇرمۇش خىراجىتى ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ما جاۋفېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز مەھەللە، كەنتنى بىرلىك قىلىپ، «تۇنجى بېكەت تىزىمغا ئالدۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى»نى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش، باشقۇرۇش بويىچە راست نام تۈزۈمى تىزىملىك دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، بىر - بىرلەپ ئالاقىلىشىپ ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، قاراتمىلىقتا ئىگە بولغان كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش بىلەن تەمىنلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىنى نۇقتىدىن نۇقتىغا يەتكۈزدى. تەلەپلەرگە ئاساسەن، ھەرقايسى جايلار ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى بار ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىمدىن كەم بولمىغان ئىش ئورنى تەۋسىيەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى «بىرگە بىر» ياردەم بېرىپ يۆلىدى

«ئوقۇتقۇچىلار بىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، 3 - ئاينىڭ بېشىدىلا ماڭا تېلېفون قىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەقسىتىمنى سوراشتۇرۇپ، ماڭا كۆپ قېتىم ئىش ئورنى تەۋسىيە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن مەن ئوڭۇشلۇق ھالدا خىزمەت تاپتىم.» يۇقۇمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرىنچى ۋاقىتتا ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئەسلىگىنىدە، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى ئابدۇزاھىر ھەبىبۇللا ئىنتايىن ئىللىقلىق ھېس قىلدى.

ئابدۇزاھىر خوتەندىكى بىر نامرات ئائىلىدىن كەلگەن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ شىنجاڭ شىنچېڭ لۇخې سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ بىر خىزمەتچى خادىمىغا ئايلانغانىدى.

«بىز قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ‹بىر ئادەمگە بىر تەدبىر بولۇش› ئەندىزىسىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىزدەش ئارزۇسىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى ئۇچۇرلىرىنى دەل جايىدا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بالدۇرراق مۇۋاپىق ئىش ئورنى تېپىشىغا ياردەم بەردۇق» دېدى شىنجاڭ سىفەن داشۆسى سودا شۆيۈەنىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئوقۇتقۇچىسى گۈلنۇر ئەخمەت.

نامرات ئائىلىلەردىن كەلگەن مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا بىر ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، تۆۋەن كاپالەتلىك ئائىلىلەردىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇش پۈتتۈرگەن مېيىپ ئوقۇغۇچىلار قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشتا قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆڭۈل بۆلدى، كۆيۈندى، ھەرقايسى جايلاردىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلدى، مەخسۇس تىزىملىك دەپتىرى تۇرغۇزدى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر بولۇش» ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، «بىرگە بىر» دەل جايىدا ياردەم بېرىش - يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمكانقەدەر تېز ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

«بىز تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش شارائىتى يارىتىپ بېرىپ، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق بالدۇر ئىشقا ئورۇنلىشىش، تېزدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى ما جاۋفېڭ.

---

# نامرات ئائىلىلەر قالتىس كۈنگە ئېرىشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«كالىنمۇ B چاۋدا تەكشۈرگىلى بولىدىكەن!» بىر كۈنى، بىلمىقان ۋە كەنت ئاھالىلىرى سەننۇڭ شىركىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، تېخنىك خادىملارنىڭ بىر سىيىرنى B چاۋدا تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھەيران قالدى. تېخنىك خادىملار ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: بۇ تەكشۈرۈشنى قىلىش سىيىرنىڭ كۆپىيىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن.

«بىز شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلارغا ماس كېلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغان كالا بېقىش لايىھەسىنى تۈزۈپ بېرىپ، شۇ جايدىكى كالا بېقىش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇق» دېدى سەننۇڭ شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى ساۋ خۇي.

«شىركەت + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» كەسپلەشكەن تىجارەت ئەندىزىسى بويىچە، سەننۇڭ شىركىتى شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن كۆپ خىل شەكىلدە چوڭقۇر ھەمكارلاشتى.

كىچىك كۆلەمدىكى كالا باقىدىغان ئائىلىلەرنى شىركەت ھاۋالىلىك بېقىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، ھەربىر كالا ئۈچۈن يىلىغا 1500 يۈەن پايدا تەقسىملەپ بەردى؛ بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە ئوتلىقى بار كالا باقىدىغان ئائىلىلەرگە شىركەت ۋاكالىتەن بېقىشنى ھاۋالە قىلدى، چارۋىچىلار بىر كالىنى ۋاكالىتەن باقسا بىر ئايدا 80 يۈەن پايدىغا ئېرىشتى، ھەر يىلى ۋاكالىتەن بېقىش مەزگىلى ئالتە ئاي بولىدۇ. شىركەت يەنە چارۋىچىلارنىڭ ئۆزلىرى باققان سىيىرنى ھەقسىز ئۇرۇقلاندۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلىدى، تۇغۇلغان ئەركەك موزايلارنى شىركەت بازار باھاسىدىن 10% يۇقىرى باھادا قايتۇرۇپ سېتىۋالدى، چىشى موزايلارنى دېھقان - چارۋىچىلار تۇغىدىغان سىيىر سۈپىتىدە بېقىپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى.

يېڭىچە ھەمكارلىق شەكلى ئارقىلىق، كەنت نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنىڭ يېڭى يولىنى تاپتى. كەنتتە تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىلدى، بىلمىقان ساۋ خۇينىڭ نۇرغۇن چارۋىچى «شاگىرت»لىرى ئارىسىدىكى بىر ئەزاغا ئايلاندى.

يەم - خەشەكنى قانداق قىلىپ ئىلمىي تەڭشەش، قانداق قىلىپ توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش، گۆش كالىسىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئاساسىي بىلىملىرى... بىلمىقان ئوقۇتقۇچىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن «ھەقىقىي تەجرىبە»لەرنى ئۆگەندى.

«ئانگۇس گۆش كالىسى ئاتلىق تۈپى ۋە قازاق كالىسىنىڭ ئانىلىق تۈپى ئارقىلىق، چۆچەك - دۆربىلجىن قارا كالىسىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئوتتۇراھال، يۇقىرى دەرىجىلىك كالا گۆشى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ؛ ياپونىيە خېنيۇ كالىسىنىڭ ئاتلىق تۈپى ۋە شۇ جاينىڭ قوڭۇر كالىسىنىڭ ئانىلىق تۈپى ئارقىلىق، چۆچەك - دۆربىلجىن شۆنيۇ كالىسىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئالىي دەرىجىلىك شۆخۇا كالا گۆشى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، بۇ كالا گۆشلىرىنىڭ بازاردىكى سېتىلىش باھاسى ئالاھىدە يۇقىرى!» بىلمىقان بۇلارنى پىششىق بىلەتتى.

بۇلتۇر، بىلمىقان ئائىلىسى قوڭۇر كالا نەسىللىك سىيىردىن ئۈچنى باقتى، ئۇرۇقلاندۇرۇپ نەسلىنى ياخشىلاش ئارقىلىق ئۈچ ئانگۇس شالغۇتلاشتۇرۇلغان نەسىللىك موزاي تۇغۇلدى، ھەربىر موزاينى 6000 يۈەندىن سېتىپ، ھەربىرىدىن شۇ جايدىكى يەرلىك كالىنىڭ موزىيىدىن 3000 يۈەن كۆپ كىرىم قىلدى. ھەسسىلەپ ئاشقان باقمىچىلىق ئۈنۈمىدىن، ئۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملىدى.

بۇ يىل، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۈچ سىيىر يەنە ئۈچ ئانگۇس موزىيى تۇغدى، ئۇ ئىككى چىشى موزاينى ئائىلىسىدە بېقىپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتتى، بىر ئەركەك موزاينى سەننۇڭ شىركىتىگە بېقىشقا ھاۋالە قىلدى.

باشلامچى كارخانىنىڭ يېتەكلىشى، تۈرتكە بولۇشى ئارقىلىق، دۆلەت ئىچىدە پىشىپ يېتىلگەن كەسپ ئەندىزىسى يەرلىكلەشتۈرۈلۈپ مەشغۇلات قىلىنىپ، شۇ جايدا گۆش كالىسى نەسلى يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، بورداش، يەم - خەشەك تېرىش ۋە ئورگانىك ئوغۇت پىششىقلاش توپلانغان باقمىچىلىق كەسپ زەنجىرى شەكىللەندۈرۈلۈپ، شۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىقنىڭ زامانىۋى چارۋىچىلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدى.

بۇ كەسپ زەنجىرىدە، بىلمىقان ۋە شۇ جايدىكى نامرات چارۋىچىلار تەرەققىياتنىڭ يېڭى پۇرسىتىنى كۈتۈۋالدى. نۆۋەتتە، گۆش كالىسى كەسپى 110 ئائىلىدىكى 360 ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، سەننۇڭ شىركىتىنىڭ گۆش كالىسى باقمىچىلىق كەسىپلەر باغچىسىدا بېقىلىۋاتقان گۆش كالىسىنىڭ قوتان قالدۇق سانى 50 مىڭغا يېتىدۇ. شىركەت 300 مىڭ ئەلا سۈپەتلىك قازاق ئاساسىي سىيىر پادىسىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك گۆش كالىسى باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىۋاتىدۇ. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە بېقىلىۋاتقان گۆش كالىسىنىڭ قوتان قالدۇق سانى 3 مىليونغا يېتىدۇ، كالىچىلىق كەسپى زورايماقتا، كۈچەيمەكتە.

«مەن كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ‹مۇھىم تۇتقا›سىنى تۇتۇۋالدىم، يەنە مۇشۇنداق داۋاملىق تەرەققىي قىلىۋەرسەم، مەن ناھايىتى تېزلا قالتىس لاۋبەنگە ئايلىنىمەن» دېدى بىلمىقان كۈلۈپ تۇرۇپ.